


# قەتئىي غەلبە قىلىش ئىرادىسى بىلەن «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىمتىھان قەغىزى»گە ياخشى جاۋاب بېرىش

□پۈتۈن تارانتقۇ مۇخبىرلىرىمىز
سۈڭ ياۋېن، پەرىزات ئابدۇل

باش ياز مەۋسۇمىدە لوپ ناھىيەسىنىڭ ئېتىز - ئېرىق باشلىرىدا دېھقانچىلىق ئىشلىرى قىزغىن داۋاملىشىۋاتاتتى، نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرى ئالدىراشچىلىققا تولغانىدى، يەنە 1833 ئائىلە 7383 نامرات نوپۇس بار بۇ نامرات ناھىيە تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچەۋاتاتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، لوپ ناھىيەسى كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئورتاق كۈچەپ، نامرات ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، نامرات ئاممىنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، قەتئىي غەلبە قىلىش ئىرادىسى بىلەن «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىمتىھان قەغىزى»گە ياخشى جاۋاب بېرىۋاتىدۇ.

### كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەپ، نامراتلىق يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاش

5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، لوپ ناھىيەسى لىتىيەن شىاڭنۇڭ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا ئىشچىلار ئۆردەك گۆشىنى تۆرگە ئايرىش، ئېغىرلىقىنى ئۆلچەش، ئوراش، ئاپتوموبىلغا قاچىلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. مەتيۈسۈپ بەكرى خوتۇنى بىلەن ئەتىگەندىلا سېخقا كېلىپ، بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى باشلىۋەتتى.

مەتيۈسۈپ لوپ ناھىيەسىنىڭ دول يېزىسى چاقما كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە بولۇپ، 2019 - يىلى ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن لىتىيەن شىاڭنۇڭ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىگە ئىشقا ئورۇنلىشىپ، مۇقىم خىزمەتكە ئېرىشىپلا قالماي، ئىككىيلەن ئايدا يەنە 5000 يۈەندىن ئارتۇق مائاش ئالالايدىغان بولدى، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

2018 - يىلى لوپ ناھىيەسى لىتىيەن شىاڭنۇڭ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنى كىرگۈزۈپ، «شىركەت + ھەمكارلىق كوپىراتىپى + ھەمكارلىشىش گۇرۇپپىسى+ نامرات ئائىلە» باقمىچىلىق ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، ئالتە يېزا - بازاردا 250 نەسىللىك ئۆردەك باقمىچىلىق لاپىسى قۇردى.

«بۇ ئىككى يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، شىركەت بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان گۆش ئۆردەكنى تۇخۇمدىن چىقىرىش، باقمىچىلىق، سويۇش كەسىپ زەنجىرىنى بەرپا قىلىپ، ئۆردەك بېقىش كەسپىنى لوپ ناھىيەسىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يىلتىز تارتقۇزدى.» لىتىيەن شىاڭنۇڭ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى سويۇش، پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقى ياردەمچىسى جاڭ يۈشېڭ مۇنداق دېدى: شىركىتىمىز مەركەزلىك كۆلەملەشكەن باقمىچىلىقنى قوللاندى، بىر يىلدا ئالتە تۈركۈم بېقىپ چىقارغاندا، 5000 نامرات نوپۇسنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.

گۆش ئۆردەكنى كەسىپدىن سىرت، مۇئېبر ئۆستۈرۈش كەسپمۇ لوپ ناھىيەسىدىكى ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشىدىكى يېڭى يول بولۇپ قالدى. 2018 - يىلى كوئېنلۇنشۆ بىيو پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى لوپ ناھىيەسىگە ماكانلىشىپ، يېمەكلىك زەمبۇرۇغى كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، «باشلامچى كارخانا + ھەمكارلىق كوپىراتىپى + بازا + ھەمكارلىشىش گۇرۇپپىسى + نامرات ئائىلە» تىجارەت ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، بازىلاشقان، ئۆلچەملەشكەن ئۆستۈرۈشنى يولغا قويدى. نۆۋەتتە، لوپ ناھىيەسى يىلدا 30 مىليون زەمبۇرۇغ خالتىسى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇپ چىقىپ، ئالتە ئۆستۈرۈش ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇپ، يەتتە قارا مۇئېبر ئۆستۈرۈش بازىسى، 162 ئۆستۈرۈش پارنىكى قۇرۇپ چىقىپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى ئالتە يېزا - بازارنى قاپلاپ، 7000 دېھقاننىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا بىۋاسىتە تۈرتكە بولدى.

دول يېزىسى دۆڭ كۆزلەك كەنتىدىكى نامرات ئاھالە مۇنەۋۋەر مەتقۇربان كوئېنلۇنشۆ بىيو پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىدە ئىشلىگەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئائىلە ئايالىدىن شىركەتتىكى تايانچقا ئايلاندى، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. «ھازىر مەن ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى شىركەتتە ئىشلەيمەن، بالامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپلا قالماي، يەنە كىرىمىم بار، كۈنلىرىم بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ.» مۇنەۋۋەرنىڭ چىرايىدە بەخت كۈلكىسى جىلۋىلەندى.

نەسىللىك كەپتەر باقمىچىلىقى، گۆش ئۆردەك باقمىچىلىقى، قارا مۇئېبر ئۆستۈرۈش... بۇ كەسىپلەر ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولى بىلەن تەمىنلىدى.

### ئىشچىغا ئايلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالدىراش بولۇش

لوپ ناھىيەسى ئاچچىق يېزىسى كالتەبەل كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئامىنە ئابدۇقادىر ھەر كۈنى دەل ۋاقتىدا يېزىدىكى نامراتلارنى يۆلەش سېخىغا كېلىپ، كىيىم تىكىش ماشىنىسىدا ئالدىراش ئىشلەيدۇ. ئامىنەنىڭ ئائىلىسى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە. بۇ يىل 22 ياشقا كىرگەن ئامىنەنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشتى.

«مەن ھەر ئايدا 1600 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپالايمەن. بۇ يەردە يەنە ھەقسىز چۈشلۈك تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ، كەنتتىكى نۇرغۇن ئاچا - سىڭىللار بۇ يەردە ئىشلەيمىز» دېدى ئامىنە.

نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا تۇرۇشلۇق كادىر بۇرازىيە ئابدۇكېرىم مۇنداق تونۇشتۇردى: ئىشچىلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى ھەقىقىي تۈگىتىش ئۈچۈن، نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا شىپاخانا، تەربىيەلەش ئۆيى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى قۇرۇلۇپلا قالماي، يەنە تويوۋسو قۇرۇلدى.

ئامىنە بىلەن بىللە زاۋۇتقا كىرگەن قەلبىنۇر ئابدۇخېلىل يېقىندا سېخ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. «بۇ يەردە ئىشلەپ ئۆزۈمنىڭ قىممىتىنى كۆردۈم، ئىشەنچىمنى تاپتىم!» ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: ئىلگىرى ئائىلە ئايالى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىشتىن باشقا، قازان بېشى ۋە بالىلارنى چۆرگۈلەپلا يۈرەتتىم، مەيلى نېمىلا سېتىۋالاي ئېرىمدىن پۇل سورايتتىم، ھازىر ئۆزۈم پۇل تاپالايدىغان بولدۇم، كۈندىلىك چىقىمىمغا ئۆزۈم ئىگە بولالايدىغان بولدۇم، ئۆزۈممۇ روھلىنىپ قالدىم.

ئاچچىق يېزىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سېخىغا 46 كىيىم تىكىش ئۈسكۈنىسى سەپلەنگەن بولۇپ، 37 ئىشچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات ئاھالە 12، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئايلىق مائاش 1500 يۈەندىن ئاشىدۇ.

بۇ بىرنەچچە يىلدا، لوپ ناھىيەسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 21 كارخانىنى كىرگۈزۈپ، كەسىپ باغچىسى قۇرۇپ، 4000 ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى.

لوپ ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لى جوۋجوۋ مۇنداق تونۇشتۇردى: يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، لوپ ناھىيەسى ناھىيەدە باشلامچى كارخانا بولۇش، يېزىدا كۆلەملەشكەن كارخانا بولۇش، كەنتتە نامراتلارنى يۆلەش سېخى بولۇش، ئائىلىدە كىچىك دۇكان بولۇشتەك تۆت دەرىجىلىك كەسىپ تەرەققىياتى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كارخانىلارنى پائال كىرگۈزۈپ ماكانلاشتۇردى.

### كۆچۈپ يېڭى تۇرمۇشنى باشلاش

سۈيۈق كىرىستاللىق تېلېۋىزور، تۇڭلاتقۇ، تۇرۇبا سۈيى، سۇ چۈشۈرۈلىدىغان تەرەت تۇڭى... لوپ ناھىيەسىنىڭ كولامەھەللە مەھەللىسى قىزىلكۆۋرۈك ئولتۇراق رايونىدىكى ئاھالە ئەخمەت دۆلەت ئۆزىنىڭ ئازادە، يورۇق بىنا ئۆيىگە كۆچۈپ كىرەلەيدىغانلىقىنى چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى.

2019 - يىلى 4 - ئايدا ئەخمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 336 ئائىلىدىكى 2137 نامرات ئاھالە قىزىلكۆۋرۈك ئولتۇراق رايونىغا كۆچۈپ كىرىپ، شەھەرلىكلەردەك تۇرمۇش كەچۈردى.

«ئىلگىرى بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى كېسەك ئۆيدە ئولتۇراتتۇق، ھازىر شەھەرگە كۆچۈپ كىردۇق، باللىرىمىز يېقىن ئەتراپتا ئوقۇيالايدىغان بولدى، مەنمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە خىزمەت تاپتىم، كۈنلىرىمىز كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ» دېدى ئەخمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

كۆچۈپ چىقىش بىلەن بىللە، يەنە مۇقىم تۇرۇش، بېيىش كېرەك. قىزىلكۆۋرۈك ئولتۇراق رايونى تۇرۇشلۇق كولامەھەللە مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ 1 - شۇجىسى شيۇك تىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: مەھەللە ئىشلەپچىقىرىشقا ئاساسەن كۆچۈرۈش، ئىش ئورنىغا ئاساسەن كۆچۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، 2000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان بىر سودا بازىرى بەرپا قىلىپ، «نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش + نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كەسپى + ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، ئاھالىلەرنى 200دىن ئارتۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى.

ئاھالە ئايجۇمە مەمتىمىن سودا بازىرىدا بىر دۇكان ئاچتى، 47 كۋادرات مېتىرلىق دۇكاندا تۈرلۈك تاۋارلار مال جازىسىغا رەتلىك تىزىلغانىدى.

2019 - يىلى 4 - ئايدا، ئايجۇمە ئائىلىسىدىكىلەر لوپ ناھىيەسىنىڭ بەشتوغراق يېزىسى بەشتوغراق كەنتىدىن قىزىلكۆۋرۈك ئولتۇراق رايونىغا كۆچۈپ كەلدى ھەم پۇل غەملەپ بۇ دۇكاننى ئاچتى. «دۇكىنىمنى كىچىك كۆرمەڭ، ھەر كۈنى 500 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىمەن، مەن نامرات ئائىلە دېگەن ‹قالپاق›نى ئوڭۇشلۇق ئېلىۋەتتىم، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، تىرىشسىلا كۈنلىرىم بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دېدى ئايجۇمە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

بۈگۈنكى كۈندە، كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان بىر تۈركۈم نامراتلارنى يۆلەش نەتىجە - ئۈنۈمى كۈنسېرى گەۋدىلەنمەكتە، لوپ ناھىيەسى نامراتلىقنى ئومۇميۈزلۈك تۈگىتىشكە ئەڭ كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىماقتا.

# «كەسىپ + ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» ئارقىلىق نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇش يولىدا مېڭىش

(بېشى 1 - بەتتە)

خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سېتىپ چىقىرىلغاندىلا پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇپپىسى شىركىتى «زاكازلىق ئىشلەپچىقىرىش» ۋە «سېتىۋېلىشنى ئىگە قىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش» «سېتىۋېلىشنى ياردەم بېرىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش» قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشتى.

كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن باشقا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت. شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇپپىسى شىركىتىنىڭ «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسى، توغراغاز يېزىسى چاقار كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى جاڭ شۆخېنىڭ قارىشىچە، خاس كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خۇددى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى ئىككى پۇتقا ئوخشاش، تەڭ ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەك.

خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى، «بىر ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئەڭ قولاي، ئۈنۈملۈك يوللارنىڭ بىرى.

كەنت ئاھالىسى ئابدۇراخمان ئىبراھىم 2017 - يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇپپىسى كانچىلىق كارخانىسىنىڭ خىزمەتچىسىگە ئايلىنىپ، ئايلىق مائاشى 4800 يۈەن بولدى. تىرىشىش ئارقىلىق، ئابدۇراخمان ئىش ئورنىدا كۆڭۈلدىكدەك ئىشلەپلا قالماي، يەنە ئائىلىسىگە ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى تولۇقلىدى.

نامرات ئاھالە بۇمەريەمخان مەتتۇردىنىڭ ئىككى بالىسى بار بولۇپ، يەر تېرىشتىن باشقا ئىقتىسادىي مەنبەسى يوق ئىدى. خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ئۇنىڭ ئىككى بالىسىغا تۆۋەن كاپالەت ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن، بۇمەريەمخاننىڭ خىزمەت تېپىشىغا قولمۇقول ياردەم بەردى.

«خىزمەت ئەترىتى ماڭا ياردەم قىلىپ بىر خوگوخاندىن خىزمەت تېپىپ بەردى، ھەر ئايدا مۇقىم مائاشىم بار بولدى.» بۇمەريەمخاننىڭ ئېيتىشىچە، ئىككى ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان. ھازىر بۇمەريەمخان ئۆيىنى بېزەشنى، ھويلا - ئارانىنى ياساشنى پىلانلاۋېتىپتۇ.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، خىزمەت ئەترىتى يېزا - كەنت ئەتراپىدىكى ئادەم ئىشلىتىش بازىرىنى چىڭ كۆزلەپ، ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجى ۋە ئادەم ئىشلىتىش شەرتلىرىنى ئىگىلىدى، پەقەت كەنت ئاھالىلىرى ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىش ئورنى بولسىلا، خىزمەت ئەترىتى ۋاقتىدا تونۇشتۇردى.

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇپپىسى شىركىتى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ساھەلەر بويىچە ياردەم بېرىدىغان - يۆلەيدىغان كەنتلەرنىڭ باقمىچىلىق، تېرىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللىغان، بۇنىڭ ئىچىدە، چاقار كەنتى بوش قالغان قوتانلاردىن پايدىلىنىپ چۈجە بېقىش نۇقتىسىدىن ئۈچنى قۇرغان، 3000 چۈجىنى ئەي قىلغان ھەم دېھقانلار ئائىلىلىرىگە تارقىتىپ بەرگەن، 5000 چۈجە توخۇ فېرمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئەي بولۇش نىسبىتى %90كە يەتكەن. چاقار كەنتىدىن باشقا، تۆۋەن قومباغ كەنتى، سەكداشمان كەنتى قاتارلىق ئۈچ كەنتكە مەبلەغ سېلىپ 612 غاز سېتىۋېلىپ مەركەزلەشتۈرۈپ باققان، بۇ، 51 ئائىلىدىكى 237 ئادەمنىڭ نەپ ئېلىشىغا تۈرتكە بولغان. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، 15 كەنتتە جەمئىي 4854 ئائىلىدىكى 18 مىڭ 269 ئادەم ماھارەت بويىچە تەربىيەلىنىش ئارقىلىق يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشقان.

# «ئالتۇن ئەپكەش»نى كۆتۈرۈپ، قولمىزدىكى تاماق قاچىسنى چىڭ تۇتايلى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئېنىقسىز ئامىللار كۆپ، خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھاۋا كىلىماتى بىرقەدەر قۇرغاق بولغاچقا، جەزمەن پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، «ئاسمانغا تايىنىپ جان بېقىش» خەتىرىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. بۇ يىل شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرقەدەر قۇرغاق بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا، ھەرقايسى جايلاردىكى يېزا ئىگىلىكى - يېزا تارماقلىرى يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش قاتارلىق بىنەم يېزا ئىگىلىكى ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سۇچىلىق، ھاۋا رايى تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، ئاشلىققا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلغانلىق خەلق تۇرمۇشى ۋە ئىقتىسادنىڭ مۇھىم تۆۋەن چېكىگە كاپالەتلىك قىلغانلىق.

«قولدا ئاشلىق بولسا، كۆڭۈل خاتىرجەم بولۇش» ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەقىقەتتۇر. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، مۇقىم بولغان ئاشلىق ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئېلىمىزنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى مۇھىم كاپالەتكە ئىگە قىلدى؛ بۇ يىل يازدىكى ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش يەنە مۇقەررەر ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇشنى كۈچلۈك ئىشەنچ ۋە كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىر پەسىلدە مول ھوسۇل ئالغاندىن يىل بويى ھوسۇل ئالغان ئەلا. مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق ئامىللىرى روشەن كۆپىيىۋاتقان ئەھۋالدا، بىز تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مەھسۇلاتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىنى پۇختىلاپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىنىڭ تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلىشىمىز كېرەك.

**«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى:**
**(xjrbplb@126.com**